**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

# سىياسەت ئارقىلىق قەلبلەرنى ئىللىتىش چىن ھېسسىيات ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش

## ئىلى ئوبلاستىدىكى 17 مىڭ 600 يەككە سودا ـ سانائەتچى 1 مىليارد يۈەنگە يېقىن ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلغا ئېرىشتى

**تۈرلۈك چارە ـ ئامالالار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى قوغداش ⑥**

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جەزىرە نىسىپبېك، ئىختىيارىي مۇخبىر جى شيەنفېڭ

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، غۇلجا شەھىرى ستالىن كوچىسى 3 ـ كوچا بويىدىكى دۇكانلار كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلدى. شىن شۈلىيەن ئۆزى ئاچقان ئەرمەك ھايۋانلار ئامبۇلاتورىيەسىگە كېلىپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، كوچىدا ناشتىلىق ۋە كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ، بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىدىن ھۇزۇرلاندى.

بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى شىن شۈلىيەن ئۆزىنى بۇنداق يېنىك ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كىرىمى يوق ئىدى، يەنە ئۆي ئىجارىسى، دۇكان خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىنى ئۆيلىشاتتى، ئىگىلىك تىكلىگەندىن بۇيانقى «ئەڭ قىيىن مەزگىل»نى باشتىن كەچۈرگەنىدى. شىن شۈلىيەننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە ياندىكى ئەتكەنچاي دۇكىنىدىكى شىن پىڭ، قاتلىما دۇكىنىدىكى مايمۇنەمۇ بار ئىدى، بولۇپمۇ مايمۇنە ئۆزى يالغۇز 11 ياشلىق بالىسىنى بېقىپ، دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يىل بېشىدىكى يۇقۇمغا دۇچ كەلدى.

شىن شۈلىيەن تۇرۇشلۇق سايىبويى كوچىسى غۇلجا شەھىرىدىكى سودا تور نۇقتىلىرى ئەڭ زىچ كوچا ئىدى. «بۇ يىل يىل بېشىدىكى يۇقۇم مەزگىلىدە، سودىگەرلەر چىقىملا قىلىپ كىرىم قىلالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ كەمچىل بولغاچقا، موتورنىڭ مېيى قالمىغاندەك، يۈرۈشتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى» دېدى غۇلجا شەھىرى سايىبويى كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كەفۇر.

شىن شۈلىيەن قاتارلىق ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئەڭ جىددىيلەشكەن ۋاقىتتا كوچا باشقارمىسى خۇش خەۋەر يەتكۈزدى، شىن شۈلىيەن داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياستىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە، 16 مىڭ يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشتى؛ شىن پىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەنلەرگە بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت ياردەم تولۇقلىمىسى سىياستىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە، ئۈچ يىللىق ھەر ئايدا 647 يۈەنلىك ئىجتىمائىي كاپالەت ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى؛ مايمۇنە 40 مىڭ يۈەن «ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەرز پۇلى» ئىلتىماس قىلدى، ھۆكۈمەت ئۆسۈمنىڭ يېرىمىغا ياردەم تولۇقلىمىسى بەردى.

«بىزنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى مەھەللە كادىرلىرى بولدى، ئۇلار ئۆيمۇئۆي زىيارەت قىلىپ، قانداق قىيىنچىلىقىمىز ۋە ئارزۇ ـ تەلىپىمىز بارلىقىنى سورىدى، بىز ئۈچۈن ئالدى ـ كەينى قاتراپ ئالاقىدار ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىپ بەردى» دېدى شىن شۈلىيەن.

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنىڭ قەلب ئېتىزىنى يورۇتقانلىقىنى ھېس قىلغانلاردىن يەنە قورغاس شەھىرى ئېچىگاشەن شىبە يېزىسى چىچگاشەن كەنتىنىڭ ئاھالىسى جاۋ دۇڭمېڭمۇ بار. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىگەن جاۋ دۇڭمېڭ ئىلگىرىكى تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، مېۋە خالتىسى پىششىقلايدىغان كىچىك زاۋۇت قۇرىدى، كۈتۈلمىگەندە يۇقۇمغا دۇچ كېلىپ، مەبلەغ ئوبوروتىدا مەسىلە كۆرۈلدى. قورغاس شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئۇنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئۇنىڭ 150 مىڭ يۈەن ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىشىغا ياردەم بەردى.

[سىياسەت] ئاپتونوم رايون «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش توغرىسىدىكى 16 تۈرلۈك تەدبىر»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مۇناسىپ تەدبىر تۈزۈپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش «بىرىكمە مۇشت»ئېتىپ، بازار سۇبيېكتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

[ئەمەلىيلەشتۈرۈش] ھازىرغىچە، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 11 ناھىيە (شەھەر) ۋە دۆلەتتا پورتى خامچوتتا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى خەۋپ ـ خەتەر تۆلەم تولۇقلىمىسى پۇلىدىن 111 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس ھېساباتىنى بويىچە ھېسابلاشنى يولغا قويۇپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى خەۋپ ـ خەتەر تۆلەم تولۇقلىمىسىغا ئىشلەتتى، 17 مىڭ 600 يەككە سودا ـ تىجارەتچى 974 مىليون يۈەن ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىغا ئېرىشتى. چىن ھېسسىيات ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدىغان بۇ تەدبىرلەر بازارنى جانلاندۇردى، غۇلجا شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن ھازىرغىچە، غۇلجا شەھىرىدە يېڭىدىن تىزىمغا ئېلىنغان يەككە سودا ـ سانائەتچى 4595كە، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 50 مىڭدىن كۆپرەككە، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتى 60 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ قوشقان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تولۇق قورالىنىپ قارشى يۈزلىنىشتە ئىلگىرىلىدى. يىل بېشىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، خۇبېيغا بېرىپ ياردەم بېرىشتىن تارتىپ، بۇ مەزگىلدىن بۇيانقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگىچە، ئۇلار جاپاغا ئالاھىدە چىداش، كۈرەش قىلىشقا ئالاھىدە ماھىر بولۇش روھىنى تولۇق ئەۋج ئالدۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ ـ قۇتقۇزۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سەپىدىكى مۇستەھكەم تۆۋرۈككە ئايلاندى. ھازىر، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتىگە قاراپ كېتىۋاتقان، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجە ئۇنۇم قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭدا ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرنىڭ تۆھپىسى زور بولدى. ئۇلار خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، قىلچە قورقماي، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان خىزمەت ئىستىلى ۋە كەسپىي تېخنىكىسى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سۆۋەب قىلىشتەك ئالىيجاناب روھنى تارقاتتى، تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبانلىقىدەك چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنى شەرھلەپ، ھەر مىللەت تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپىتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

جىددىي پەيتتە، قەھرىمانىنىڭ خىسلىتى نامايان بولىدۇ. ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرنىڭ ئېغىر يۈكنى بەلىنىپ تۇرۇپ زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشى يۈكسەك ھۆرمىتىمىزنى قوزغىدى. بۈگۈن، بىز ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ پارتىيەگە، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇشتەك ئالىيجاناب روھىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتەك قەتئىي ئېتىقادىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى قىلغۇچىلارنى كۆپچىلىك بىر نىيەتتە قوغدىشى كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ تەمنات كاپالىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتى، تەرەققىيات بوشلۇقى، كەسپكارلىق مۇھىتى ۋە جەمئىيەت ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي شەرەپ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلىگەنلىك ھاياتلىقنى ھۆرمەتلىگەنلىك دەيدىغان ئىدىيەنى تۇرغۇزۇپ، ئىلمىي بولغان ھاياتلىق قارىشى، ساغلاملىق قارىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە سەھىيە ـ ساغلاملىق خىزمىتىگە بولغان چۈشىنىش، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى سىجىل يارىتىشى كېرەك.

ئۈلگىنىڭ كۈچى چەكسىزدۇر. ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتە، تېخىمۇ مۇھىمى، بىز ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجلىق چاغدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قورقماس روھىدىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمايدىغان، ئۇدا جەڭ قىلىدىغان جان تىكىپ ئېلىشىش روھىدىن چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز؛ ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدىغان مەسئۇلىيەتچان روھىدىن ئۆگىنىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ كۈرىشىدە يېتىلىپ شەكىللەنگەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك پۇقراۋى كارخانىلار ۋە سودىگەرلەر ئۆيمۇئۆي شىملىرىنى ھەرقايسى جايلاردىكى نامرات كەنتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ قوشماقلىشىپ، قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، خاس كەسىپ شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق ئورتاق بەرپا قىلىش شەكىللىرى ئارقىلىق تەدرىجىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا يېتەكلىدى. كارخانىلارنىڭ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئوبيېكتلىرىغا يۈزلىنىپ ئىشچى قوبۇل قىلىشىغا ئىلھام بېرىپ، نامرات كەنتلەردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نىشانلىق ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، «كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بۇ يىل «پۇقراۋى كارخانىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا يېتەكلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنى جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، پائال يېتەكلەپ، «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش شەكلى تېخىمۇ كۆپ خىل، تېخىمۇ دەل جايىدا بولدى، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى، ئورۇنلاشتۇرۇش ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، پۇل ۋە بۇيۇم ئىئانە قىلىشتىن نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق يېڭى ئەندىزە، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىگە تەرەققىي قىلىپ، تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچەيدى. شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت ـ سودا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، خەلق تۇرمۇشى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، كېرىيە ناھىيەسىدىكى نىشانلىق ياردەم بېرىپ يۆلەۋاتقان 12 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 700دىن كۆپرەك ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ گۇاڭخۇي گۇرۇھى ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەمكارلىشىۋاتقان ئالتە كارخانىنى باشلامچى بولۇپ كىرگۈزۈپ، خوتەن ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسىدە نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتىدىن ئوننى قۇرۇپ، 4500دىن ئارتۇق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىياگنوز قويۇلغان 23 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 12 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 495، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 126، جەمئىي 621.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىرغىچە، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ ئومۇمىي سانى 600دىن ئاشتى، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالىنىڭ سانى دوكلات قىلىنغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن ئاشتى، بۇ بىزنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى ۋاقتىدا ئىلغاپ تەكشۈرۈشىمىز ۋە دەل جايىدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالىشىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى، كۈچلۈك بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز، بارلىق دوختۇر ـ سېستىرالار داۋاملىق ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەڭ قۇدرەتلىك جەڭگىۋار كۈچنى مۇجەسسەملەپ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىغا ياردەم بېرىمىز.

---

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا**

### ئۈرۈمچى شەھىرى كۆپ يول ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى ھەل قىلىپ

# جىددىي بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى تۆت سائەت ئىچىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدۇ ھەم جاۋاب قايتۇرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى ياردەم قىلىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى تاراتقۇلاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مۇلازىمەت قىزىق لىنىيە تېلېفونى، شەھەر باشلىقى مەخسۇس لىنىيەسى، ئىستېمال قىزىق لىنىيەسى، پسىخىكىلىق مەسلىھەت سوراش قىزىق لىنىيەسى ھەم ئالاقىدار تارماقلار رەھبەرلىرىنىڭ تېلېفونىنى ئېلان قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى خۇاڭ داخاۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرى جىددىي بېجىرىدىغان ئىشلارغا مەسئۇل ئورۇنلاردىن، بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۆت سائەت ئىچىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ھەم بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئۇقتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يۇقىرىقى قىزىق لىنىيەلەردىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە ئاممىنىڭ توردىكى ئارزۇ ـ تەلەپ يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى، شەھەر ئاھالىلىرى «مەركىزىي شەھەر 12345» يان تېلېفون APPسى، «مەركىزىي شەھەر 12345» ۋېيشىن سۇپىسى، «ئۈرۈمچى 12345» ۋېيبوسى ياكى شەھەر باشلىقى خەت ساندۇقى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئىشلاردىن مەسلىھەت سورىسا ياكى ئارزۇ ـ تەلىپىنى ئىنكاس قىلسا بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى خىزمەت مەخسۇس بەندىسى تەسىس قىلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكى بويىچە دەرھال بېجىرىش، جىددىي بېجىرىش، ئادەتتىكى بېجىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىيدۇ. ھەرقايسى قوبۇل قىلىش يوللىرى ئاممىنىڭ مۇۋاپىق ئارزۇ ـ تەلىپى ياكى مەسلىھەت سورىغان ئىشلىرىغا قارىتا، بىۋاسىتە جاۋاب بەرگىلى بولىدىغانلىرىغا دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى بويىچە نەق مەيداندا توغرا جاۋاب بېرىدۇ، نەق مەيداندا جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغانلىرىنى بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھالقىسىغا كىرگۈزىدۇ. ھەرقايسى رايون(ناھىيە)لار ياكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە توغرا كەلسە، تەرتىپ بويىچە بېجىرىشكە تېز ئۆتكۈزۈپ (تاپشۇرۇپ) بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى دەرھال بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى مەخسۇس بەنزىدىكى مەخسۇس ئادەم چىڭ تۇتۇپ بېجىرىشنى ماسلاشتۇرۇپ، تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەرھال بېجىرىدۇ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. جىددىي بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى مەسئۇل ئورۇن بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۆت سائەت ئىچىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ ھەم بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئادەتتىكى بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى مەسئۇل ئورۇن بېجىرىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 12 سائەت ئىچىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ ھەم بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئېلان قىلىنغان ئارزۇ ـ تەلەپ تېلېفونى ۋە مۇلازىمەت تورىدىكى تېلېفونلارغا قارىتا، 24 سائەت قوبۇل قىلىدىغان ئادەم بولۇش، خاتىرىلەيدىغان ئادەم بولۇش، جاۋاب بېرىدىغان ئادەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم ھەر كۈنى ئاممىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالىنى جەملىگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىغا يوللاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ئىستىلدا لەيلىمىچىلىك قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغان، يامان تەسىر پەيدا قىلغانلارغا قارىتا، ئىنتىزام بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە، قانۇن بويىچە كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرىدۇ، جاۋابكارلىقىقا تارتىدۇ.

---

# ئۈرۈمچى شەھىرى باقمىچىلىق بازىسىدىن ئاھالىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگىچە بولغان تەمىنلەش زەنجىرىنى راۋانلاشتۇردى

### ئۇزارتىپ قۇرۇلغان 2014 كاپالەت نۇقتىسى گۆش مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىدارىسى (ئاشلىق ئىدارىسى)نىڭ ئىدارە باشلىقى يەن جۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرى باقمىچىلىق بازىسىدىن ئاھالىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگىچە بولغان تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ پۈتۈن ھالقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ۋاقىتلىق چېدىر تىكىش، ئۈستى يېپىق ئاپتوموبىل بىلەن توشۇش قاتارلىق شەكىللەردە كاپالەت نۇقتىسىدىن 2014نى ئۇزارتىپ قۇرۇپ، ئادەتتىكى ئۆزى سالغان ئۆيلەر قاتارلىق رايونلارغا گۆش مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش جايىدا بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كاپالىتى مۇلازىمىتىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، شىمگو رايونى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)، مىدۇڭ رايونى قاتارلىق ئالتە رايونغا سوغۇق توشۇش ئاپتوموبىلىنى ھەقسىز سەپلەپ، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. مەھەللە خىزمەتچىلىرى، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار، پىدائىيلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاھالىلەر ۋېيشىن توپى، تېلېفون قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىن توپلاپ، دەل جايىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى ئۈزۈلدۈرمەي قانات يايدۇردى. پۈتۈن شەھەردىكى تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە مۇۋاپىق پەيتتە ھەقسىز يېڭى گۆش تارقىتىپ بەردى، نۆۋەتتە جەمئىي 104 توننا يېڭى گۆش ھەقسىز تارقىتىلىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار 9223 ئائىلىلىك ئامما مەنپەئەتلەندۈرۈلدى.

گۆش مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى بېكىتلىگەن سويۇش كارخانىلىرى، توپ سېتىش بازارلىرى ۋە گۆش تۇردىكىلەرنى تەڭشەپ توشۇش كارخانىلىرىغا بىۋاسىتە تولۇقلىما بېرىپ، گۆش مەھسۇلاتلىرىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسىنى تۆۋەنلەتتى ھەم گۆش مەھسۇلاتلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىغا چەك قويدى؛ سويۇش ھالقىسىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىرىپ ـ چىققان ئاپتوموبىل ۋە قوشخانا مۇھىتىنى قاتتىق تەلەپ بويىچە دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈپ، چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرى قوشخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە تەكشۈرۈپ دەلىللەش، سويۇش ئالدىدا چارلاپ تەكشۈرۈش، سويۇش جەريانىدا نازارەت قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى كارانتىن قىلىش خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بازارغا سېلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ سېتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ھالقىسىدا تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سېتىش، توشۇش ئاپتوموبىللىرىنى ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم دېزىنفېكسىيەلەپ، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغانلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەشنى ياخشى ئىشلىدى. تەقسىملەپ يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن سىرتقى ئورالمىنى قاتتىق تەلەپ بويىچە دېزىنفېكسىيەلىدى، تەقسىملەپ يەتكۈزگۈچىلەر پۈتۈن مۇساپىدە ماسكا تاقاپ، پەلەي كىيىپ، ئۇچراشماسلىق شەكلىدە تەقسىملەپ يەتكۈزدى.

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە سويۇپ تەمىنلەش مىقدارى 220 توننا ئەتراپىدا مۇقىملىشىپ، يېڭى قوي گۆشىنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە سىرتتىن يۆتكەپ كىرگۈزۈلۈش مىقدارى 80 توننا ئەتراپىدا بولۇپ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تەمىنلىنىدىغان يېڭى گۆش مىقدارى 300 توننا ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قوي ـ كالا گۆشى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، يۇقۇم يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى بىلەن تەڭلەشتى.